شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
25
شەنبە
维吾尔文 4 月25日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25042 - سان بۈگۈن 4 بەت

# «شەنشى دولقۇنىنىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش، تىرىشىپ دەۋر ئەزىمەتلىرىدىن بولۇش ئىرادىسى ۋە جاسارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ خەلق گېزىتى مۇخبىرى شىنخۇا ئا- گېنتلىقى مۇخبىرى

4 - ئاي كىرگەندىن بۇيان، دۆلىتىمىز- نىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ مۇس- تەھكەملەندى، لېكىن چېگرا سىرتىدا يۇقۇم داۋاملىق يامرىدى. قانداق قىلىپ دائىملاش- قان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش- نى ياخشى تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىن- لەش جەڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ «دۇڭفاڭخۇڭ 1 - نومۇر» ۋەزىپىسىگە قاتناشقان پېشقەدەم ئالىملارغا جاۋاب خەت يېزىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى 5 - قېتىملىق «جۇڭگو ئالەم قاتنىشى كۈنى» ۋە «دۇڭفاڭخۇڭ 1 - نومۇر»لۇق سۈنئىي ھەمراھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىل- گەنلىكىنىڭ 50 يىللىقى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى- نىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «دۇڭفاڭخۇڭ 1 - نومۇر» ۋەزىپىسىگە قاتناشقان پېشقەدەم ئالىملارغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارغا سەمىمىي سالام يوللىدى ھەم «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئالەم قاتنىشى كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا كەڭ ئالەم قات- نىشى خىزمەتچىلىرىگە بولغان سەمىمىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: «دۇڭفاڭخۇڭ 1 - نومۇر» ۋەزىپىسىگە قاتناشقۇچىلار سۈپىتىدە، سىلەرنىڭ ياشلىق باھارىڭلارنى ۋەتىنى- مىزنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلىقىڭلار، 90 - 80 ياشقا كىرگەندىمۇ يەنىلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسىگە رىشتە باغلىغانلىقىڭلار مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 50 يىل ئىلگە- رى، «دۇڭفاڭخۇڭ 1 - نومۇر» سۈنئىي ھەمراھى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى، مەن شىمالىي شەنشىدىكى لياڭجياخېدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتا- يىن ھاياجانلانغانىدىم. ئەينى يىلى، سىلەر قۇدرەت تېپىشقا بەلنى مەھكەم باغلاپ، باش چۆكۈرۈپ جا- پالىق ئىشلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى پەخىرلەندۈرىدىغان قالتىس مۇۋەپپەقىيەت- لەرنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ توختىماي ئالغا باسىدىغان ئۇلۇغ روھىنى نامايان قىلدىڭلار. پېشقە- دەم بىر ئەۋلاد ئالەم قاتنىشى كىشىلىرىنىڭ تۆھپىسى يېڭى جۇڭگونىڭ تارىخ بېتىگە مەھكەم ئويۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شارائىتى- نىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### جاۋاب خەت

سۇن جىيادۇڭ، ۋاڭ شىجى قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلار:

ياخشىمۇسىلەر، يازغان خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتىم. «دۇڭفاڭ- خۇڭ 1 - نومۇر» ۋەزىپىسىگە قاتناشقۇچىلار سۈپىتىدە، سىلەرنىڭ ياشلىق باھارىڭلارنى ۋەتە- نىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلىقىڭلار، 90 - 80 ياشقا كىرگەندىمۇ يەنىلا ۋەتە- نىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسىگە رىشتە باغلىغانلىقىڭلار مېنى چوڭقۇر تەسىر- لەندۈردى.

50 يىل ئىلگىرى، «دۇڭفاڭخۇڭ 1 - نومۇر» سۈنئىي ھەمراھى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى، مەن شىمالىي شەنشىدىكى لياڭجياخېدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلانغان- دىم. ئەينى يىلى، سىلەر قۇدرەت تېپىشقا بەلنى مەھكەم باغلاپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى پەخىرلەندۈرىدىغان قالتىس مۇۋەپپەقىيەت- لەرنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ توختىماي ئالغا باسىدىغان ئۇلۇغ روھىنى نامايان قىلدىڭ- لار. پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئالەم قاتنىشى كىشىلىرىنىڭ تۆھپىسى يېڭى جۇڭگونىڭ تارىخ بېتىگە مەھكەم ئويۇلدى. شارائىتنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. يېڭى دەۋر- دىكى ئالەم قاتنىشى خىزمەتچىلىرى پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئالەم قاتنىشى كىشىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالەم بوشلۇ- قى ئۈستىدە ئىزدىنىش قەدىمىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ يىراققا ئاتلىتىپ، ئالەم قاتنىشى كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش ئۇلۇغ ئارزۇسىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

سىلەرگە سالامەتلىك، ئۇزاق ئۆمۈر، تۇرمۇشۇڭلارغا بەخت تىلەيمەن!

**شى جىنپىڭ**

2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغانىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى چۆرىدەپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كو- مىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شەنشىدە تەكشۈ- رۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم را- يونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلى- رىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەد- بىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دا- ئىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تە- رەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇ- يۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىقتى- سادنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەت- لىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتى يىغىن ئاچتى

## «تۆت ئەڭ قاتتىق» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى قەتئىي چىڭ ساقلاش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بى- خەتەرلىكى كومىتېتى 2020 - يىللىق 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. ئاپتو- نوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئا- ۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئى- سى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بى- خەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دائى- ملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىز- گىنلەش ۋەزىيىتىدە، يېمەكلىك بىخەتەر- لىكى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى

## مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، تەيۋەنگە قاراتقان تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە تىرىشىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايو- نىنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەت يىغى- نى ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئى- دىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان خىز- مەتلەر توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىي- لەشتۈرۈلدى، يېڭى دەۋردىكى پارتى- يەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبى- رى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون- لۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سىل- جىتىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئو- مۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسى- دىكى مۇھىم بايانلىرى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى



ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ زاكازلارنى ئۈلگۈرتۈش

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قومۇل يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات باغچە رايونىدىكى قومۇل جىنفېڭ شامال ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئىشچى گېنېراتور سوۋۇتۇش شامالدۇرغۇچنى ئاسما توشۇغۇچتا توشۇماقتا. بۇ شىركەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن زا- كازلارنى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپچىقارماقتا. □ ليۇ ياخۇي فوتوسى

ئاپتونوم رايون 65 تۈردە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلدى

## «بۇلۇت كېلىشىمى» 109 مىليارد 560 مىليون يۈەن بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون- لۇق سودا نازارىتى «شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش»نى تورغا چىقىرىش ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش تورى «بۇلۇت كېلىشىمى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، «ئېكران»دا كېلى- شىم ئىمزالىغان مەبلەغ تۈرى 65 بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 109 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يەتتى.

پائالىيەت 20 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىكى 65 كارخانىنى كېلىشىم

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

1 - پەسلىدە 1106 رايون سىرتى تۈرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى

## 22 مىليارد 473 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا نا- زارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل 1 - پەسلى- دە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا سودىگەر چا- قىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە جەمئىي 1106 رايون سىرتى تۈرى ئەمەلىي- لەشتۈرۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 231ى كۆپەيگەن، رايون سىرتىدىن كىر- گۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 22 مىليارد 473 مىليون يۈەن بولغان.

بۇ يىل 1 - پەسلىدە، پۈتۈن ئاپتو- نوم رايوننىڭ سودا سىستېمىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## تېرىقچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەي ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش سۈيەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رايىدە** خەۋەر قىلىدۇ: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتى- يازلىق پەرۋىش ئالدىراش ئىشلەنمەكتە، تىيانشاننىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى يېزا - كەنت يوللىرىدا خىمىيەۋى ئوغۇت، ئۇرۇق- لۇق، دېھقانچىلىق دورىلىرى لىق قاچىلان- غان ئاپتوموبىللار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇ- راتتى؛ ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا ئوغۇتلاش، يەر تۈزلەش، شاخلارنى چاتاش، زىيانداش ھاشارەتتىن مۇداپىئەلىنىش، كۆكتات تېرىپ مايسا كۆچۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇۋات- قان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سىيماسىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى.

نۆۋەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدا 6 مىليون 800 مىڭ مو كۈزگى بۇغداي ئارقا - ئارقىدىن كۆكەردى؛ 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)